مۇھەممەت ئەيسا جامى

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماچىلىقى توغرىسىدا



مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇھەممەت ئەيسا جامى

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان
# دراماچىلىقى توغرىسىدا

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

论维吾尔现代戏剧/穆罕默德·艾沙著.—北京:民族出版社,2001.6

ISBN 7-105-04479-9

Ⅰ.论... Ⅱ.穆... Ⅲ.维吾尔族-现代剧-文学-研究-维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ.I207.309

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2001) 第 027992 号

**责任编辑**:凯赛尔
**责任校对**:胡达拜地
**出版发行**:民族出版社　　电话:010-64290862
**网　　址**:Http://www.e56.com.cn
**社　　址**:北京市和平里北街14号　　邮政编码:100013
**印　　刷**:迪鑫印刷广
**经　　销**:各地新华书店
**版　　次**:2001年8月第1版
2001年8月北京第1次印刷
**开　　本**:850×1168毫米 1/32
**印　　张**:12
**印　　数**:0001—2000册
**定　　价**:15.00元

مەسئۇل مۇھەررىر: **قەيسەر قۇربان**
مەسئۇل كوررېكتور: **خۇدابەردى خېلىل**
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: **ياسىن مۇھەممەت**

# ئۇيغۇر ھازىرقى زامان درامىچىلىقى توغرىسىدا
# مۇھەممەت ئەيساجامى


**نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتانومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862
**نەشرىياتنىڭ ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
http://www.e56.com.cn
**باسقۇچى:** دىشىن باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى:** 2001-يىل 8-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى:** 2001-يىل 8-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى:** 1168×850مم. 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى:** 12
**سانى:** 0001—2000
**باھاسى:** 15.00 يۈەن



مۇھەممەت ئەيسا جامى

此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

# نەشرىياتتىن

مۇھەممەت ئەيسا جامى ئۇيغۇر تىياتىر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى. ئۇ 1957-يىلى 10-ئايدا ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ جام يېزىسى تۆۋەنكى تۇمەن كەنتىدە تۇغۇلغان. 1964-يىلىدىن 1977-يىلىغىچە ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، قايتا تەربىيە ئالغان. 1978-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1983-يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتىدا خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت ئەيسا جامى 1982-يىلى يازغان «‹ئابرال شاماللىرى› پروزىمىزنىڭ يەنە بىر مېۋىسى» ناملىق ئەدەبىي ئوبزورى بىلەن تەتقىقات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە پروزا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى رېئالىستىك ئامىللار توغرىسىدا»، «‹ئۆچمەس ئىزلار› رومانى توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلغان. 1987-يىلىدىن باشلاپ، مەخسۇس ئۇيغۇر درامچىلىقى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي ژورناللاردا «ئۇيغۇر قەدىمكى زامان درامچىلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ دراملىق خۇسۇسىيىتى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان درامچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «ئۇيغۇر درامچىلىقىنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىگە بىر نەزەر» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر دراماتورگىيە تەتقىقاتىنى ئاساس قىلغان ماقالە-ئوبزورلار توپلىمى «ئىجادىيەت ۋە ئىزدىنىش» (باشقىلار بىلەن بىللە) 1992-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر

نەشرىياتى تەرىپىدىن، «كىنو ۋە سەھنە ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالە-ئوبزورلار توپلىمى 1994-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. قولىڭىزدىكى «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان درامىچىلىقى توغرىسىدا» ناملىق بۇ كىتاب ئۇنىڭ مەخسۇس ئۇيغۇر درامىچىلىق تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان مۇكەممەل تەتقىقات مېۋىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەت ئەيسا جامى ئىزچىل تۈردە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بۇ ساھەدىمۇ بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتى تۈزگەن «ئالىي مەكتەپ تىل-ئەدەبىياتى» دەرسلىكىنى تۈزۈشكە، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى. 1995-يىلىدىن 1997-يىلىغىچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى قىلىپ بېكىتىلگەن — «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراما تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات تېمىسىنى مۇستەقىل ئىشلەپ پۈتتۈردى. 1997-يىلىدىن 1999-يىلىغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى قىلىپ بېكىتىلگەن «يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشتى. يۇقارقىدەك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن 1996-يىلى دوتسېنتلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

مۇھەممەت ئەيسا جامى ھازىر جۇڭگو ئىغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو لۇشۈن تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# كىرىش سۆز ئورنىدا

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدا دراماتورگىيە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەجدادلىرىمىزدىن ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەرخىل ئەلنەغمە ئويۇنى، مەدداھلىق قىسسىلىرى، پېرىخونلۇق، دارۋازلىق، مەسخىرەۋازلىق ئويۇنلىرىدا، لەپەر، ئېيتىشىش قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىدە ئىپادىلەنگەن درامىنىڭ ئامىللىرىدىن قارىغاندا ۋە بىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن ھېسابلىغاندا دراماچىلىق ناھايىتى يىراق زامانلارغا تۇتىشىدۇ. نۆۋەتتە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بىردەك 7—8-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا مەيدانغا چىققان دەپ قارىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ 27 كۆرۈنۈشلۈك چوڭ تىپتىكى درامىسى «مايترىسىمىت»دىن ھېسابلىغاندىمۇ ئۇيغۇر دراماچىلىقى 1300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە.

بىراق، 10-ئەسىردىن كېيىن ھەرخىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر دراماچىلىقى تەخمىنەن 10 ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قېلىپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتى ۋە ھازىرغىچە نۇرغۇن دراماتورگلار، رېژىسسورلار، ئاكتىيورلار، دېكراتورلار، كومپوزىتورلار مەيدانغا چىقتى. ئۇلار 30-يىللاردىن ھازىرغىچە 200 پارچىدىن ئارتۇق سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ، 30دىن ئارتۇق درامىلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى. دراما ئوبزورچىلىقى، يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ۋە مەنىۋى تەتقىقاتمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى دراما تەتقىقاتىدا خېلى سالمىقى بار ماقالىلار يېزىلىپ ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىششقا تىرىشتى. مۇشۇ تەتقىقات قوشۇنىدىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياش

ئوقۇتقۇچىسى—دوتسېنت مۇھەممەت ئەيسا 1987-يىلىدىن باشلاپ سەھ-سۇس تىياتىر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا يۈرۈش قىلدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ماتېرىيال يىغدى، ھازىرغىچە مەتبۇ-ئاتلاردا ئېلان قىلىنغان، ئاشكارا نەشر قىلىنغان، شاپىگرافتا بېسىپ تارقى-تىلغان ئۇيغۇر دراماچىلىقىغا ئائىت توپلاملارنى تېپىپ ئوقۇپ، ئەستايىدىل خاتىرە يازدى، بېرىلىپ تەتقىق قىلدى.

مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى ئاپتور بۇ تېمىنى قايتىدىن رەتلەش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماچىلىقى توغرىسىدا» ناملىق بۇ ئىلمىي ئەسەرنى پۈتتۈردى. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ كىتاب كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلپىگە ماسلىشىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىمىزدا دراما تارىخى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى دەسلەپكى قەدەمدە تولدۇرىدۇ.

«ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماچىلىقى توغرىسىدا» ناملىق بۇ كىتاب ئۇيغۇر دراماتورگىيەسىگە يەنى تىياتىر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئىككى قىسىملىق ئىلمىي ئەسەردۇر. ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمى—«ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماچىلىقى»دا 1934-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە بولغان 15 يىللىق ئۇيغۇر دراما ئەدەبىياتى تارىخى ۋە مۇشۇ ساھەدە ئالاھىدە كۆچ قوشقان ۋەكىللىك نامايەندىلەرنىڭ دراما ئىجادىيەت ئەھۋالى، ئەسەرلىرىنىڭ تېما ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىنغان؛ ئىككىنچى قىسمى—«ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان دراماچىلىقى»دا، 1949-يى-لىدىن ھازىرغىچە بولغان 50 يىللىق ئۇيغۇر دراماچىلىقىنىڭ ئەگرى-توقاي تەرەققىياتى، مۇۋەپپەقىيەت-ئوڭۇشسىزلىقلىرى، بۇ ساھەدىكى ۋەكىللىك دراماتورگلار ۋە ئۇلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىر قەدەر سىستېمىلىق مۇلاھىزە قىلىنغان.

بۇ كىتابنىڭ ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇنىڭدا يېزىلغان ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت بايانلار ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە، دەۋرنىڭ تەرەققىيات رىتىمىگە ماس ھالدا بىر قەدەر ئىلمىي شەرھلەنگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، 1934-يىلى ئەتىيازدا دراماتورگ مۆمىن ئەپەندى-
نىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر سانايىنەپىسەسى
(سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1936-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن
شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدە بەس-بەس بىلەن سانايىنەپىسەلەر
قۇرۇلۇپ، تىياتىرچىلىق جانلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ خىل جانلىنىش تاكى
1942-يىلىغىچە داۋاملاشتى. مۇشۇ سەككىز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە
نۇرغۇن دراماتورگلار، رېژىسسورلار ۋە داڭلىق ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى.
1943-يىلى شېڭ شىسەي جىياڭ جېيشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن
كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
ئاق تېررورلۇقى قاپلاپ كەتكەچكە، تىياتىر ساھەسىدە بىر خىل بۇرۇقتۇم-
لۇق ھالەت شەكىللىنىپ، ئىلگىرىكىدەك يېڭى ئەسەرلەرنى ئويناشقا مۇم-
كىن بولمىدى. 1944-يىلىدىن 1946-يىلىغىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۈچ
ۋىلايەت ئازاد رايونلىرىدا تىياتىرچىلىق بىر مەزگىل جۇش ئۇرۇپ راۋاجلان-
غان بولسىمۇ، لېكىن 1947-يىلى ”بىتىم“ بۇزۇلغاندىن كېيىن مەيلى
شىمالىي شىنجاڭ ياكى جەنۇبىي شىنجاڭ بولسۇن، تىياتىر ساھەسى تەقىپ
ئاستىغا ئېلىنىپ، ئۇيغۇر دراماچىلىقى تاكى ئازادلىققىچە پالەچ ھالغا
چۈشۈپ قالدى. 1949-يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن تارتىپ تاكى
1957-يىلىغىچە ئۇيغۇر دراماچىلىقى پارتىيە سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى
ئاستىدا قايتىدىن تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىپ، بىرمۇنچە نادىر ئەسەرلەر
مەيدانغا چىقتى، قوشۇن قۇرۇلۇشىمۇ جانلاندى. بىراق، 1957-يىلى 6-
ئايدا ئېلىپ بېرىلغان مەملىكەت خاراكتېرلىك ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش
كۈرىشىنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى بىلەن ئۇيغۇر دراماچىلىقى يەنە كەينىگە
چېكىندى. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ مەزگىلىدىكى 10 يىلدا ۋەزىيەت
ناچارلىشىپ، خەلق ياخشى كۆرىدىغان ئەسەرلەر چەكلەندى. دراما ئىجادى-
يەت قوشۇنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى. 1978-يىلىدىن باشلاپ
ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇيغۇر دراماچىلى-
قى قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتى. تىياتىرنىڭ تۈز ۋە شەكىللىرى
كۆپەيدى، ئەسەرلەر سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن تىك سىزىق بويىچە

داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى، ھەتتا بەزى دراملىرىمىز مەملىكەتلىك مۇكا-
پاتلارغا ئېرىشتى. قىسقىسى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماچىلىقى 70 يىللىق
تەرەققىيات مۇساپىسىدە نۇرغۇن ئەگرى-توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ
بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا ئاددىيلىقتىن-مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن-
چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدى، بەزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بەزى-
دە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى؛ بەزىدە ئالغا ئىلگىرىلىسە، بەزىدە ئارقىغا
چېكىندى، ھەتتا بەزىدە پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋاللىرىمۇ
كۆرۈلدى.

يولداش مۇھەممەت ئەيسا «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماچىلىقى
توغرىسىدا» ناملىق بۇ ئەسىرىدە مۇشۇ تارىخقا بىر قەدەر ئەستايىدىل
مۇئامىلە قىلىپ، دراماچىلىقىمىزنىڭ يۇقارقىدەك ئەگرى-توقاي تەرەققىياتى،
ئالاھىدىلىكى، ھەرقايسى باسقۇچتىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلى-
رىنى بىر قەدەر ئىلمىي تۈردە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن قىلىپ بايان قىلغان
ۋە خۇلاسىلىغان.

ئۇيغۇر دراماتورگىيە تارىخىنى يازغاندا، دراماتورگلارنىڭ تۆھپىسىگە،
ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىغا توغرا باھا بېرىشمۇ ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى
ئۇلارنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن باھا توغرا بولمىسا، ئورنى توغرا تاللانمىسا،
بۇ خىل ئەھۋال دراماتورگىيىنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.
يازغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىدۇ، كىتابخانلارنىڭ زوقلىنى-
شىنى، ئەسەرلەرنىڭ ئۆرنەكلىك رولىنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويىدۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بىزدە نۇرغۇن
دراماتورگلار ئۆتتى. بۇلار ئىچىدە زۇنۇن قادىر، لوتپۇللا مۇتەللىپ، ئەھ-
مەت زىيائى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا روزى، قاسىمجان قەمبىرى،
خەمىت ھەكىم، تۇرسۇن يۇنۇس، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، تۇرسۇنجان
لېتىپ، جاپپار قاسىم قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر دراملىرى بىلەن
ھازىرغىچە خەلقنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن ئىدى.
يولداش مۇھەممەت ئەيسا بۇ كىتابىدا ئالدى بىلەن يازغۇچىلارنى توغرا
تاللىغان، رەتكە تۇرغۇزۇشقىمۇ خېلى ئىلمىي مۇئامىلە قىلغان. يازغۇچىلار-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

نىڭ ئىجادىيەت يولىنى خۇلاسىلەش، ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى تاللاش، تەھلىل قىلىش، شۇ ئاساستا دراماتورگلارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى، مېتو-دى، ئۇسلۇبى، ئېستېتىك غايىسى، ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى ۋە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەھلىل قىلغان. ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالىغان. كىتاب مەزمۇن جەھەتتىن بىرقەدەر كەڭ، شۇڭا ماتېرىيال قىممىتى بار. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ 70 يىللىق تەرەققىيات تارىخى ئاساس لىنىيىگە، دراماتورگلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى ۋە ئەسەرلەر تەھلىلى تارماق لىنىيىگە قويۇلغاچقا، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا ۋە مۇكەممەل چىققان. قىسقىسى، «ئۇيغۇر هازىرقى زامان دراماچىلىقى توغرىسىدا» ناملىق بۇ كىتاب ماتېرى-ياللىرىنىڭ موللىقى، تەھلىلىنىڭ توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولغانلىقى بىلەن مەلۇم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

ئۇيغۇر دراماچىلىقى بىر چوڭ ساھە. ئۇنى زامان ۋە ماكان بوشلۇقى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، بۇنداق بىر پارچىلا كىتابنىڭ بولۇشى ئېهتى-ياجنى قاندۇرالمايدۇ. بۇ ساھەدە تىياتىر ئەدەبىيات تارىخىدىن باشقا يەنە ئاكتىيورلۇق تارىخى، سەھنە گۈزەل-سەنئەت تارىخى، رېژىسسورلۇق تارى-خى، سەھنىلەشتۈرۈش تارىخى، تىياتىرخانا قۇرۇلۇشى تارىخى، تىياتىر ئوبزورچىلىقى تارىخى قاتارلىق ساھەلەر يەنە بىزنىڭ داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بوشلۇقتۇر. ئاپتورنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە مۇشۇ ساھەگە دادىل يۈرۈش قىلىپ، ئۇيغۇر دراماتورگىيە-سىنىڭ ئومۇمىي تارىخىنىڭ يورۇقلۇقتا چىقىشىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش-نى ئۈمىد قىلىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇتۇقلۇق باشلىنىش ۋە ياخشى بىر قەدەم. يول ئەنە شۇنداق قەدەملەردىن شەكىللىنىدۇ.

ئازات سۇلتان
1999-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ئورنىدا ........................................ (1)

**1-بۆلۈم ئۇيغۇر هازىرقى زامان دراماچىلىقى توغرىسىدا** ........................ (1)

**1-باب ئۇيغۇر هازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى** ........................ (1)

§ 1 ئۇيغۇر هازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ........................................ (1)

§ 2 ئۇيغۇر هازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى... (12)

§ 3 ئۇيغۇر هازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ جاپالىق مۇساپىلىرى ........................................ (21)

§ 4 ئۇيغۇر هازىرقى زامان دراماچىلىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى ................................ (25)

**2-باب زۇنۇن قادىر ۋە ئۇنىڭ «غۇنچەم» دراماسى**...... (34)

§ 1 زۇنۇن قادىرنىڭ هاياتى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى دراما ئىجادىيىتى ................................ (34)

§ 2 «غۇنچەم» دراماسىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ......... (43)

§ 3 «غۇنچەم» دراماسىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى... (45)

§ 4 «غۇنچەم» دراماسىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ...... (47)

§ 5 «غۇنچەم» دراماسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ...... (56)

**3-باب لوتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى**... (64)

§ 1 لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ هاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى... (64)

§ 2 لوتپۇللا مۇتەللىپ درامىلىرىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى ........................................ (71)

3 § لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ساماساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» ناملىق كومېدىيىسى ........................................ (76)
4 § لوتپۇللا مۇتەللىپ دراملىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى... (85)
5 § لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۇيغۇر دراما سەنئىتىگە قوشقان تۆھپىسى ........................................ (89)
4-باب سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دراما ئىجادىيىتى ......... (94)
1 § سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھاياتى ۋە دراما ئىجادىيىتى... (94)
2 § سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «قانلىق ساۋاق» تراگېدىيىسى... (108)
3 § سەيپىدىن ئەزىزى دراملىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ........................................................ (115)
4 § سەيپىدىن ئەزىزى دراملىرىنىڭ بىيتەرسىزلىكلىرى... (121)
5-باب شۇكۇر يالقىن ۋە ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتى...... (123)
1 § شۇكۇر يالقىننىڭ ھاياتى ۋە دراما ئىجادىيىتى ... (123)
2 § شۇكۇر يالقىن دراملىرىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى ... (125)
3 § شۇكۇر يالقىننىڭ «شاخەي كېچىسى» دراممىسى... (128)
4 § شۇكۇر يالقىن دراملىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ........................................................ (133)
6-باب ئابدۇللا روزى ۋە ئۇنىڭ «ئۆگەي ئانا» درامىسى... (137)
1 § ئابدۇللا روزىنىڭ ھاياتى ۋە دراما ئىجادىيىتى...... (137)
2 § «ئۆگەي ئانا» درامىسىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ........................................................ (138)
3 § «ئۆگەي ئانا» درامىسىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى ... (140)
4 § «ئۆگەي ئانا» درامىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى... (149)
5 § «ئۆگەي ئانا» درامىسىنىڭ بىيتەرسىزلىكى ......... (155)
2-بۆلۈم ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان دراماچىلىقى توغرىسىدا ........................................ (160)
1-باب ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان دراماچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ........................................................ (160)

§1 17 يىللىق ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ... (160)
§2 ”مەدەنىيەت ئىنقىلابى“ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر دىرامىچىلىقى ........................................................ (173)
§3 يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى ئۇيغۇر دىرامىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى .................. (175)
§4 يېڭى تارىخىي باسقۇچتىكى دىراما ئىجادىيىتىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ................................ (206)
**2-باب زۇنۇن قادىر ۋە ئۇنىڭ «توي» دىرامىسى ...... (213)**
§1 زۇنۇن قادىرنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتى ........................................................ (213)
§2 «توي» دىرامىسىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ... (215)
§3 «توي» دىرامىسىنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى ............ (216)
§4 «توي» دىرامىسىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ...... (218)
**3-باب تۇرسۇن يۇنۇس ۋە ئۇنىڭ دىراما ئىجادىيىتى... (230)**
§1 تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى...(230)
§2 «قانلىق يىللار» تراگېدىيىسى ................. (237)
§3 «كۆتۈلمىگەن توي» كومېدىيىسى .............. (281)
§4 تۇرسۇن يۇنۇس دىراملىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ........................................................ (293)
**4-باب مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ۋە ئۇنىڭ دىراما ئىجادىيىتى ........................................................ (302)**
§1 مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ........................................................ (302)
§2 مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەن دىراملىرى........................................ (304)
§3 مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ تارىخىي دىراملىرى ...... (307)
§4 مۇھەممەتئېلى زۇنۇن دىراملىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ................................ (326)

**5-باب تۇرسۇنجان لېتىپ ۋە ئۇنىڭ كومېدىيە ئىجادىيىتى**
(333) ..................................................
1 § تۇرسۇنجان لېتىپنىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى
(333) ..................................................
2 § «بىزگە ئىشىنەمسىز؟» كومېدىيىسى ............ (339)
3 § «قىرى يىگىتنىڭ تويى» كومېدىيىسى ............ (346)
4 § تۇرسۇنجان لېتىپ كومېدىيەلىرىنىڭ بەدىئىي
ئالاھىدىلىكلىرى .............................. (360)

# 1ـبۆلۈم ئۇيغۇر ھازىرقى زامان درامىچىلىقى توغرىسىدا

## 1ـباب ئۇيغۇر ھازىرقى زامان درامىچىلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### §1 ئۇيغۇر ھازىرقى زامان درامىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئوت يالقۇنى قاپلىدى. 1911ـيىلى 2ـئايدىكى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى، 1912ـيىلى 1ـئايدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى، 1912ـيىلى 3ـئايدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭدىمۇ دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغۋار كۈچىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تارىختا تۇنجى بولۇپ پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئورناتقان ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى بىلەن جاھانگىرلىك، فېئودالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن شانلىق ”4ـماي“ ھەرىكىتى شىنجاڭغا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ، شىنجاڭدىكى ئىنقىلاب ئوتىنى يەنىمۇ ئۇلغايتتى ۋە كېڭەيتتى.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com